

مۆپاسسان ( فرانسىيە)

# ھايات

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇپاسسان ( فرانسىيە )

# هـايـات

تەرجىمە قىلغۇچى : مۇساجان ھۇسەيىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

一生:维吾尔文/(法)莫泊桑著;盛澄华汉,木沙江·玉塞音维译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.6
ISBN7—228—05693—0

Ⅰ.一… Ⅱ.①莫…②盛…③木… Ⅲ.长篇小说—法国—近代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I565.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第20351号

责任编辑:玛丽亚木·买买提明

*

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码830001)
新疆新华书店发行　新疆司法印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本　11.125印张　2插页
1983年1月第1版　2000年5月第2次印刷
印数:8,001—11,000

ISBN7—228—05693—0/I·2102　定价:13.50元

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1963 - يىل 1 -
ئاي 1 - نەشرى، 1980 - يىل 8 - ئاي بېيجىڭ 2 - باسمىسىغا ئاساسەن
تەرجىمە قىلىندى

本书根据人民文学出版社1963年1月第1版，1980年8月北京第
2次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر: مەريەم مەمتىمىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالى

# ھايات

ئاپتورى: موپاسسان ( فرانسىيە )
تەرجىمە قىلغۇچى: مۇساجان ھۈسەيىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11 125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1983 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 5 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 8,001 — 11,000
ISBN7—228—05693—0/I • 2102
باھاسى: 13 50 يۈەن

# خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

مۇپاسساننىڭ ھاياتى ئىنتايىن قىسقا بولۇپ ، 1850 ـ يىلى تۇغۇلۇپ ، 1893 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇ 1880 ـ يىلدىن باشلاپ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان . 1890 ـ يىلىغا كەلگەندە ، كېسەل سەۋەبىدىن قەلەم تۇتۇشقا ئامالسىز قالغان . لېكىن قىسقىغىنا ئون يىل ئىجادىيەت تۇرمۇشىدا ، ئۇ ئىنتايىن مول ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرغان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئالتە رومان ، 300 پارچىغا يېقىن ھېكايە ، ئۈچ ساياھەت خاتىرىسى ۋە كۆپلىگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خاراكتېرىدىكى ھەم مۇنازىرە خاراكتېرىدىكى زاۋېنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يازغان شېئىر ـ غەزەللىرى ۋە تىياتىرلىرىمۇ بار .

مۇپاسسان ئەڭ بالدۇر ئېلىمىزگە تونۇشتۇرۇلغان فرانسىيە بارغۇچىلىرىدىن بىرى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈچلۈك بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ ، ئېلىمىزدىكى كەڭ كىتابخانلار ئەزەلدىن ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ كەلگەنىدى . لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى رېئالىزمنى تەنقىد قىلغۇچى تالانتلىق يازغۇچى بولغان مۇپاسسان ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىدە كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ تۈزۈمگە روشەن ھالدا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىدە بولغان ۋە بۇ جەمىيەتتىكى خارلانغان ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى رېئالىزمنى تەنقىد قىلغۇچى يازغۇچىلار ، مەسىلەن ، بالزاك ، ستېنداللارغا سېلىشتۇرغاندا ، مەيلى كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ماھىيەت تەرەپلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش جەھەتلىرىدە بولسۇن ، ياكى ئاشكارىلاش كۈچى جەھەتتىن



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

بولسۇن ، بەزى يېتىشسىز يەرلىرى بار . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كىشىلىك تـۇرمـۇشقا قارىتا غەمكىنلىك ، گۇمانلىنىش ، غېرىبسىنىش ۋە ئۈمىدسىز-لىك ھېسسىياتلىرى پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدۇ .

مۇپاسساننىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يىللىرى ، دەل فرانسىيە چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىق قىلىدىغان 3 ـ جۇمھۇرىيەت دەۋرى ، شۇنداقلا فرانسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي ياۋروپادىكى مۇھىم كاپىتالىستىك دۆلەتلەر جاھانگىرلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا ماڭغان دەۋر ئىدى . بۇ دەۋردىكى كاپىتالىزم جەمئىيىتى سى-ياسەت ، مەدەنىيەت ۋە ئەقلاقىي جەھەتلەردىن تېخىمۇ چىرىپ چۈشكۈن-لەشكەنىدى . مۇپاسسان سەمىمىي ، راستچىل يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ئىنتايىن زىددىيەتلىك بىر خىل كەيپى-ياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن . ئۇ بىر تەرەپتىن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ رەزىل رىياللىقىغا چوڭقۇر غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرسە ، يەنە بىر تە-رەپتىن كىشىلىك تۇرمۇشتا بولۇشقا تېگىشلىك بەختكە ئىنتىزارلىقىنى بـىلدۈرىدۇ . لېكىن ئۇ بۇ خىل ئىنتىزارلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىش يولىنى كـۆرەلمەي ، كىشىلىك ھاياتتىن ئۈمىدسىز يەكۈن چىقىرىدۇ . مۇپاسسان-نىڭ روھىي جەھەتتىكى پاجىئەسى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى زىددىيەت-لـىك دەل مۇپاسساننىڭ زىددىيەتلىك دۇنيا قارىشىنىڭ ئىنكاسى . ھال-بۇكى ، مۇپاسساننىڭ دۇنيا قارىشىدىكى زىددىيەتنى يازغۇچىنىڭ سىنىپى ئورنى ۋە ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ ئـالاھىـدىـلىكى بەلگىلىگەن . ئەمەلىيەت-تە ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تەلىماتلىرى كەڭ كۆلەمدە تارالغان . شۇڭا ، فرانسىيىدىمۇ غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى-دىكىگە ئوخشاش ، ئەدەبىيات ھەم سەنئەت ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيە ۋە سىياسىي ئىنقىلابىي كۈرەشتىن كۆپ ئارقىدا قالغان ، شۇنىڭدەك كاپىتا-لىزم ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ ـ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا قاراپ ماڭغان . مەدەنىيەت ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتى پەيدا بولغان . مۇپاس-سان ئىجادىيەت جەھەتتە رېئالىزمنى تەنقىد قىلىش ئەنئەنىسىگە ۋارىس-لىق قىلغان ھەمدە ئاساسىي تەرەپلىرىدە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن

شۇچاغدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەبىئەتچىلىك نەزەرىيىسى ۋە
چۈشكۈنلۈك خاھىشىنىڭ تەسىرىدىن تامامەن خالىي بولالمىغان . مۇ-
پاسسان ئىجادىيىتىدە ئوبيېكتىۋىزملىق پوزىتسىيە ۋە ئۆزى ماھىل بولغان
ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرمەس ، « مەڭگۈلۈك » ، « تەقدىرچىلىك » تىن ئە-
بارەت ھايات قانۇنىيىتى بىلەن كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدىكى غەلىتە ھادىسى-
لەرنى چۈشەندۈرىدۇ ، بۇ بىر روشەن دەلىل

مۇپاسسان فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى نورماندى دېگەن
جايدا ، تۇرمۇشى نامراتلاشقان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ، بالىلىق
دەۋرىدە سەھرا تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ، بېلىقچىلار ۋە دېھ-
قانلار بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ ، بىپايان
تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە نامراتلارغا ھېسداشلىق قىلىشتەك ئادەتنى يېتىل-
دۈرگەن ( لېكىن مۇپاسساننىڭ بەزى ھېكايىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ
ئوبرازىدا زور دەرىجىدە بىر تەرەپلىمىلىك بار ) . ئۇنىڭ روئاندا ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋاقتى پروسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىغا توغرا كې-
لىدۇ . مۇپاسسان ئەسكەرلىككە تۇتۇلىدۇ . 1870 ـ يىلى پارتلىغان پ-
روسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشى خاراكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇرۇشنىڭ
دەسلىپىدە ناپالېئون Ⅲ نىڭ 2 ـ ئىمپېرىيىسى تاجاۋۇزچى ئورۇندا
تۇراتتى . ناپالېئون Ⅲ نىڭ ئەكسىيەتچىل ئىچكى سىياستى كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىنى بارغانسېرى قوزغىغانلىقى سەۋەبىدىن ، ئىنقىلاب
بوھرانى بارغانسېرى يېقىنلاشتى . شۇڭا ئۇ ئالدىراپ پروسسىيىگە ئۇرۇش
قوزغاپ ، شۇ ئارقىلىق مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنقىلابنى پەسەيتمەكچى
بولدى . لېكىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى . 2 ـ ئىمپىرىيە ھالاك بولغاندىن
كېيىن ، ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەردى . فرانسىيە خەلقى تاجاۋۇز
قىلغان دۈشمەنلەرنىڭ پارىژنى قورشىۋېلىپ ، شەھەر ۋە يېزا ـ
قىشلاقلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشتەك زوراۋانلىقىغا دۇچ كەلگەندە .
ھەقىقىي خەلق ئۇرۇشى ــ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قوزغىۋەتتى . مۇپاس-
ساننىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلقنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرغانلىقىنى
تەسۋىرلەپ يازغان نۇرغۇن ھېكايىلىرى مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن .

شۇبھىسىزكى ، بۇ ، مۇپاسساننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ جەۋھىرى . پروسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ، مۇپاسساننىڭ ئائىلە ئىقتىسادى ئەھۋالى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەچكە ، ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشتىن ۋاز-كېچىپ ، ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈردى . شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ، دەسلەپ دېڭىز ئارمىيە بۇسىدا ، كېيىن مائا-رىپ بۇسىدا ئادەتتىكى خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ . شۇڭا بۇ قاتلامنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىي قىياپىتى مۇپاسسانغا ئالاھىدە تونۇش بولۇپ ، بۇ نەرسە كېيىن بىز ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە داۋاملىق ئۇچرىتىدىغان ئاساسىي تېمىلاردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ .

مۇپاسساننىڭ 1880 - يىلى زولا تەھرىرلىگەن « مېتاڭدىكى كىچىك پاراڭ » دېگەن ھېكايىلەر توپلىمىدىكى بىرىنچى ھېكايىسى « دونداق » ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ فرانسىيىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبە-رىدىكى ئورنىغا ئاساس يارىتىلىدۇ . كىشىلەر مۇپاسساننىڭ سەنئەت تالانتىغا ھاڭ - تاڭ قالىدۇ ( چۈنكى پروسسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان « دونداق » دېگەن بۇ ھېكايىدە ، ھەقىقەتەنمۇ مۇ-پاسساننىڭ ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە ئىستېداتلىق يېزىقچىلىق ماھارىتى ئىپادىلەنگەن ) . لېكىن بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت يالغۇز تالانت بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ . شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، تالانتتىن سىرت ، مۇپاسسان يېزىقچىلىقنى ئۆگىنىشتە باشقىلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ پايدىلىق شارائىتقا ئىگە ئىدى . مۇپاسساننىڭ ئانىسىدىن فلاۋبېرتنىڭ با-لىلىق دەۋرىدىكى دوستى ئىدى . مۇپاسسان كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەبى-يات جەھەتتە ئانىسىدىن تەربىيە ئېلىپ پىشىپ يېتىلگەن . ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا شېئىر يېزىشقا خۇشتار بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ، باناسچىلار تەرەپدارلىرىدىن بولغان شائىر لۇئى بويى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ . بوئىمۇ فلاۋبېرتنىڭ دوستى بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسىنى شۇچاغدىكى داڭقى چىققان بۇ يازغۇچىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا تونۇشتۇرىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ فلاۋبېرت مۇ-پاسساننىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئۇستازى بولۇپ قالىدۇ . فلاۋبېرت ئە-

زەلدىن يېزىقچىلىق مۇئامىلىسىدە پۇختا بولۇشتا مەشھۇر بولۇپ، ئۇ، شاگىرتىغىمۇ ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ مۇپاسسانغا يېزىقچىلىق ماھارىتى جەھەتتىكى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەن. ئۇنىڭ مەشىق ئەسەرلىرىنى ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ تۈزىتىپ بەرگەن ھەمدە دائىم ئۇنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىشقا، تېخى پىشمىغان ئەسەرلەرنى ئالدىراپ ئېلان قىلىۋەتمەسلىككە رىغبەتلەندۈرگەن. مۇپاسسان فلاۋبېرتنىڭ تەلىمى بىلەن، جاپاغا چىداپ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ھاردىم - تالدىم دىمەي، ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىشلىگەن. شۇڭا ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم دۇنياغا كەلگەن ئەسىرى «دونداق» ئاشۇنداق يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. فلاببېرتنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق، مۇپاسسان شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار، مەسىلەن، زولا، داۋدىت، گونكۇرت ئاكا - ئۇكا قاتارلىقلار بىلەن تونۇشقان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ چاغدىكى فرانسىيىدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان روسسىيە يازغۇچىسى تۇرگېنېۋ بىلەنمۇ تونۇشقان، تۇرگېنېۋنىڭ مۇپاسسان ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان

مۇپاسسان 1880 - يىلى «دونداق» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خىزمەتچىلىك تۇرمۇشىدىن قۇتۇلۇپ، كەسپىي يازغۇچى بولۇپ قالدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى 1880 - يىلدىن 1890 - يىلغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە يېزىلغان.

«ھايات» 1883 - يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مۇپاسساننىڭ تۇنجى رومانى، شۇنداقلا ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى. بۇ رومانىدا ئۇ بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكى ۋە پارچىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى ئارقىلىق، مۇشۇ مۇھىتتا ياشىغان ئاساسىي ئايال پېرسوناژ ژىننانىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. ژىننا مۇپاسساننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئايال ئوبرازلاردىن بىرى. بۇ قىز ساددا، ئاق كۆڭۈل بولۇپ، كىشىلەرگە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بولۇپمۇ رو-

مانىنىڭ دەسلەپكى بىر نەچچە بابىدا ژىننانىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئىنتى-
لىشى ، خۇشاللىقى ، ئەندىشىسى ۋە تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشى كىتاب-
خانلارنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ . مۇپاسسان نە-
پىس ، لىرىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن بۇ ئايال باش قەھرىماننىڭ روھىي
دۇنىياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ . لېكىن ژىننانىڭ ھاياتى ، ئاقىۋەتتە بىر خىل
مەقسەتسىز تۇرمۇش شەكىللەندۇرگەن تراگېدىيە ، غايە بىلەن يوققا چە-
قىش ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن تراگېدىيە بولۇپ قالىدۇ .
مۇپاسساننىڭ بۇ روماندا يازغىنى ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرمۇش-
نىڭ رېئاللىقى ئەمەس . مۇپاسسان 1850 ـ يىلى تۇغۇلغان . ھالبۇكى ، بۇ
روماندا قايتا تىرىلىش دەۋرىدىن ( ژىننانىڭ موناستىردىن چىققان كۈنى
1819 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ) 40 ـ يىللارغىچە ( روماننىڭ ئاخى-
رىدا روزالىنىڭ ژىننانىڭ قىز نەۋرىسىنى ئېلىپ كەلگەن ۋاقتى 1846 ـ
يىلى باھار ) بولغان مۇشۇ بىر تارىخىي دەۋر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان .
روماندا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش تاساددىپىي تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا ( مە-
سىلەن ، 3 ـ بابتا ژىننا تۇنجى قېتىم پويىزغا ئولتۇرغان چاغدا : « پارىژ
بىلەن گاۋىر ئوتتۇرىسىدا پويىز قاتنىغىلى ئالتە يىل بولدى . . . » دەي-
دۇ ) ئومۇمەن ، شۇچاغدىكى ھەرقانداق زور تارىخىي ۋەقەلەرگە ۋە سى-
ياسىي ۋەقەلەرگە تەگمىگەن . پەقەت مۇشۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بى-
لەن پىششىق تونۇش بولغان كىتابخانلارلا رومانىدىكى ئوبرازلارنىڭ
خاراكتېر ھەم ۋەقەلىكلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىجتىمائىي تارىخ
ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك مۇناسىۋەتنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ .
ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىدىن قارىغاندا ، بىز شۇنى ئېيتالايمىزكى ،
باش قەھرىمان ژىننانىڭ خىيالى ھەم ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى
توقۇنۇش بىلەن خىيالنىڭ ئۈزلۈكسىز بەربات بولغانلىقى بۇ روماننىڭ
تېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن . ژىننا تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچ ھەم
بەختكە بولغان ئىنتىزارلىقى بىلەن تۇرمۇشقا قەدەم قويغان بولسىمۇ ، لې-
كىن ئۇنىڭ ھاياتى قايغۇ ـ ئەلەم ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان ھايات .
ئۇ بويىغا يەتكەن قىز بولۇش سۈپىتى بىلەن پاك ، سەمىمىي مۇھەببەتنى

ئارزۇ قىلىدۇ؛ ئۇ قىز بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى قەدىرلەيدۇ، ئۇلارنى ئەڭ ئاق كۆڭۈل ھەم ئەدەپ - ئەخلاقلىق كىشىلەر دەپ ئويلايدۇ؛ لېكىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق بولمىغۇر كەچۈرمىشلىرى بارلىقىنى بىلىدۇ؛ مېھرىبان ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈنلەي ئوغلىغا ئۈمىد باغلايدۇ؛ ئوغلىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابلاردىن بولۇشىنى تىلەيدۇ؛ لېكىن ئاقىۋەت پائىول ئانىسىنىڭ ئۆيىنى قۇرۇغداپ، مال - بىساتىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئەينى يىللاردا پاك ھەم شاد - خۇرام بۇ قىزچاق، ئەڭ ئاخىرىدا ئىرادىسىز، ھېچنەرسە بىلەن كارى بولمايدىغان مومايغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كونا دېدىكى روزالىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن ئاخىرقى ئۆمرىنى تەسلىكتە ئۆتكۈزىدۇ.

ئاپتورنىڭ مۇشۇنداق بىر ۋەقەلىكنى يېزىشتىكى مەقسىتى زادى نېمە؟ بۇ ۋەقەلىكتىن قانداق خۇلاسە چىقىرىش كېرەك؟ ئاپتور مۇشۇ ئارقىلىق كىشىلىك ھايات شۇنداق قۇرۇق، مەنىسىز، كىشىلەرنىڭ تەقدىرى مىسكىنلىك، بەختسىزلىك ۋە پاجىئە بىلەن تولغان دېمەكچىمۇ؟ شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئاپتوردا ئېھتىمال مۇشۇنداق قاراش بولۇشى مۇمكىن. لېكىن سىز ئويلىنىپ باقسىڭىز، ژىننانىڭ ھاياتىدىكى خىياللىرى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، سۇبيېكتىپ جەھەتتە زادى قانداق ئارزۇ خىيالدا بولغانلىقىنى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە يەنە قانداق رېئاللىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرسەكلا ۋەقەلىكنى چۈشىنىشتە بۇ خىل ئابستراكت تونۇشقا پېتىپ قالمايمىز.

ژىننا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئاقسۆڭەك ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى بارون دېۋو 18 - ئەسىردىن قېپقالغان ئاقسۆڭەك مەدەنىيىتىنىڭ ھىمايىچىسى، شۇنداقلا ئۇ ئاقارتىش دەۋرىدىكى پەلسەپەنىڭ تەسىرىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرىغان. ئۇ روسسوغا چوقۇنىدۇ. ئۇ پان ئىلاھچىلىق كۆز قارىشىدا بولۇپ، ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلىقلارنىڭ ماھىيىتى تەبئىي قانۇنىنىڭ ئىلكىدە بولىدىغانلىقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇ قىزىنى پاك - ئىپپەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل تەربىيە قىزدا مەلۇم رول ئوينىغان. ژىننانىڭ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

تەبئىي ئاق كۆڭۈللۈكلۈكى ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقى دادىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان ، دېمەي بولمايدۇ ، ژىننا يەنە ئانىسىنىڭ رومانتىزىمچىلارچە مەيۈسلۈكى ۋە خىيالپەرەسلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان . بۇلارنىڭ ھەممىسى ، شۇنىڭدەك قىز چېغىدا موناستىردا ئالغان تەربىيە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارچە ئەركىن – ئازادە جاڭزا ھاياتى ژىننا خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدە چوڭقۇر ئىز سالماي قالمايتتى . ئەمما دەۋر ئۆزگىرىدۇ ، ژىننا ئۆزىنىڭ خىيالچانلىقى ۋە كېيىن بېرىپ سۇسلىشىپ كەتكەن ھەمدە زەئىپلەشكەن خاراكتېرى بىلەن ئەتراپىدىكى رېئاللىققا ماسلىشىپ كېتەلمەيتتى . ئۇ ئارزۇ قىلغان تۇرمۇش زادى قانداق تۇرمۇش ؟ ژىننانىڭ تۇرمۇشى مەقسەتسىز بولۇپ ، بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ تېخىمۇ ياخشى قىسمەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن .

ئەگەر ژىننا ناھايىتى ئەخلاقلىق ئەرگە ياتلىق قىلىنغان بولسا ، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى تېخىمۇ بەختلىك بولاتتى ، دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ ؟ شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى ، ژىننانىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشىنى شەكىللەندۈرگىنى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى تاسادىپىي ئامىل ئەمەس ، بەلكى قايتا تىرىلىش دەۋرى ھەمدە ئېيۇل ئىنقىلابىدىن كېيىنكى جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان تارىخىي شەرت – شارائىت . بىز ژىننانىڭ ئېرى ۋىكونت ژيۇلېن دې لامارنى ئەسكە ئالايلى : ئۇ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ئاقسۆڭەك ، لېكىن بۇ ئاقسۆڭەك كونا ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشىمايدۇ ، ئۇنىڭ ئوبرازىدىن بىز ئاشۇ بىر قىسىم ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ياشلارنى كۆرۈۋالالايمىز . ئۇلار دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، بۇرژۇئا تۇرمۇش شەكلى يولىغا ماڭىدۇ ؛ ژيۇلېننىڭ خاراكتېرىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇ خىل بىدىكلىكى ۋە ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەسلىكى ئۇنىڭ بىلەن خام خىياللارغا بېرىلگەن ، روھى پاك ژىننا ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ . ژيۇلېننىڭ قوپاللىقى ، خەسىسلىكى ، ئاچكۆزلۈكى ۋە ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتەك خىلمۇ خىل ئىپادىلىرى ژىننانىڭ دەسلەپىدىلا ئۈمىدسىزلى-

نىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ . رومانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە بابىدا ژيۇلېندا كۆرۈلگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئالامەتلىرى ، ئۇنىڭ ئوغلى پائولدا تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ . پائول تىجارەت سودىسىدا ھايانكەشلىك قىلىپ ، كېمە ترانسپورت شىركىتى قۇرىدۇ ؛ بۇ 30 - يىللاردىكى ھەم 40 - يىللاردىكى لۇئى فىلىپ تىزگىنلىگەن بانكىچىلار ھاكىمىيەت دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ . پائول دادىسىغا ئوخشاش رەھىمسىز جازانىخور ۋە بۇرژۇئا بولۇپ قالىدۇ . ئۇ سودا - ھايان ئىشلىرىدا ۋە چىرىك خۇسۇسى تۇرمۇشتا ئاپىسىنىڭ مال - دۇنياسىنى قۇرۇتقاندىن كېيىن ، ئانىسى بىلەن كارى بولمايدۇ . شۇڭا ، ئاپتور گەرچە بىۋاستە تارىخ ۋەقەلىكنى ئىنكاس قىلمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئوبرازلار خاراكتېرىنىڭ سىلىشتۇرمىسىدىن ھەمدە ھېكايە ۋەقەلىكلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ،پۈتۈن رومانغا يوشۇرۇن سىڭدۈرۈلگەن ئاساسىي زىددىيەتنىڭ كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى بىلەن ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنىڭ قورۇق تۇرمۇشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . ژىننا ياشىغان بۇ قەدىمىي ئاقسۆڭەك ئائىلىسىنىڭ پارچىلانغانلىقىدىن ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكى ۋە بۇلاڭچىلىقتىن ئىبارەت ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى ، ئاقسۆڭەك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ يوقىلىشقا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

بىز روماندىن يەنە ، ئاپتورنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەك جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ھەرخىل ۋەكىللىك ئوبرازلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز .مۇپاسسان كونا بويىچە لاغىلاپ يۈرىدىغان ئاقسۆڭەكلەر تۇرمۇشىنىڭ پارازىتلىقىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ . ( مەسىلەن ، 6 - بابتىكى ۋىكونت بىرىزۋېلى ئەر - خوتۇننى يوقلاش ) ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنمەنلىكى ۋە دەرىجە نۇقتىئىنەزەرىنى ھەمدە كونىلىقنى ياقىلىغۇچى ئاقسۆڭەك گۇرۇھلار بىلەن دىنىي مەھكىمە ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقنى ( مەسىلەن ، « ماركىز كۇتېلىنىڭ خانىمى ژىنناغا پوپ دىنىي مەھكىمىنىڭ بايراقدارى ، خانىم ، كىمكى بۇ بايراقنى ئەگىشىپ ماڭمىسا ،

ئۇ دىنىي جەمىيەتكە قارشى تۇرغان ، شۇنداقلا بىزگە قارشى تۇرغان بو-
لىدۇ ، دەيدۇ » ) يۇمۇرلۇق قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ . تولىپئاك ۋەكىللىك-
دىكى فېئودال كاتولىك دىنىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ژىنناننىڭ دادىسى
بارون دېۋو ۋەكىللىكىدىكى ئاقارتىش دەۋرىدىن قالغان ، كەڭ تارالغان
ئىنسانپەرۋەرلىك روھ ئوتتۇرىسىدىكى كۇرەشنى جانلىق ئاشكارىلاپ بې-
رىدۇ . بىز روماندا ئاپتورنىڭ كونا ئاقسۆڭەك ئىدىيە سىستېمىسىغا نىس-
بەتەن روشەن هالدا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقانلىقىنى ، لېكىن
يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇ بارون دېۋو نامايەندە قىلىنغان ئاقارتىش دەۋرى-
دىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى گۈزەللەشتۈرۈپ كۆرسەتكەنلىكىنى
كۆرۈۋالالايمىز .

مۇپاسسان روماندا قوللانغان ئوبيېكتىپ ، توغرا تەسۋىرلەش
ئۇسلۇبى كىتابخانلارنى هەمىشە قايمۇقتۇرىدۇ . شۇڭا ، كىتابخانلارنىڭ
ئۆزى پىكىر يۈرگۈزۈپ ، ئوبرازلار ۋە ۋەقەلىكلەر ئۈستىدە مۇۋاپىق يە-
كۈن چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن ، بىز روماندا ئاپتورنىڭ ئايال
باش قەهرىمان ژىنناغا بولغان سۆيۈنۈشى ۋە هېسداشلىق قىلغان تەرى-
پىنى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ يەنە ژىننانى مەسخىرە ۋە تەنقىد
قىلغان تەرىپىنى ئاسانلا كۆرەلەيمىز . روماننىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا دېگۈ-
دەك پائولنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ژىنناننىڭ ئۇنىڭغا هېرىسلىقى هەققىدىكى
بابلار هەمدە كېيىن پارىژغا بېرىپ ئۇنى ئىزدىگەن بابلاردا ، بىز ئاپتور-
نىڭ ژىننانى مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز . ئالاهىدە
كۆزگە كۆرۈنەرلىكى روماننىڭ ئاخىردىكى قىسمى بولۇپ ، ئاپتور ژىننا-
نىڭ بۇرۇنقى دېدىكى روزالىنىڭ ئوبرازى بىلەن يەنىلا خام خىياللارغا
چۆككەن ، هەسرەت چېكىپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ يۈرگەن ژىننا-
نىڭ ئوبرازىنى سېلىشتۇرۇپ ، باش قەهرىمانغا تۇرمۇش يولى تېپىپ بې-
رىشتەك قۇرۇق خىيالنى تاپىدۇ . روزالى ژىنناننىڭ ئېرىنىڭ ئازدۇرۇشىغا
ئۇچرىغان ، كېيىن ئاقسۆڭەك قورۇقىدىن هەيدىۋېتىلگەن . بىراق ئۇ
قىلچىمۇ بوشاشمىغان ، قىيىن ـ جاپالىق تۇرمۇشلارغا باش ئەگمىگەن ،
ئەمگەك ئۇنىڭ قەيسەر خاراكتېرىنى يېتىشتۈرگەن . ژىننا ئۆزىدىن ئاغ-

رىنىپ « ھاياتىم مۇشۇنداق بىتەلەيچىلىكتە ئۆتتى » دېگەندە ، روزالى خاپا بولۇپ : « ئەگەر سىز بولىكا ئۇچۇن خىزمەت قىلغان ، ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە تۇرۇپ خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىڭىز ، ئۇچاغدا نېمە دەيتتىڭىز؟ » دەيدۇ . لېكىن رومانىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا : روزالى ئۆزىچە : « قارىڭا ، ھايات كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنچىۋالا لەززەتلىك بولمايدۇ ، شۇنىڭدەك ئۇنچىۋالا ئوسالمۇ بولمايدۇ . » دەيدۇ . ئاپتور مۇشۇ ئارقىلىق باش قەھرىمانىنى مۇۋاپىق يەكۈن چىقىرىشقا يېتەكلەيدۇ .

« ھايات » گەرچە مۇپاسساننىڭ تۇنجى رومانى بولسىمۇ ، لېكىن ئەدەبىي ماھارەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ، يۇكسەك دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن . مۇپاسسان يېنىك ، جانلىق ئۇسلۇبلار بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى روشەن ھەم جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ . تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەشمۇ بۇ ئەسەردىكى بىر ئالاھىدىلىك . ئاپتورنىڭ تەسۋىرى ھەرگىزمۇ يەككە ـ يېگانە بولماستىن ، بەلكى ئوبرازلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشكەن بولۇپ ، بۇ ، ئەسەرگە قويۇق لىرىكىلىق تۈس قوشىدۇ .

يەنە بىر تەرەپتىن ، بىز شۇنى ئاسانلا كۆرۈۋالالايمىزكى ، روماندا ئاپتور شۇچاغدا كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملىنىۋاتقان كاپىتالىزم جەمىيىتىنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن ، ئوچۇق ھۆكۈم ۋە خۇلاسە چىقارمايدۇ . مۇپاسسان كىشىلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنىڭ سەۋەبىنى كۆپرەك ئالەمدىكى رەھىمسىزلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن تېپىشقا تېخىمۇ مايىللىقىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ نۇقتىدا بالزاكنىڭ ئۈمىدسىزلىك ۋە خام خىيالنى ئىجتىمائىي نۇقتىدىن تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىسى بىلەن سېلىشتۇرساق ، ئۇنىڭ رېئالىزمنى تەنقىد قىلىشتىكى ئاشكارىلاش كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاجىز تۇرىدۇ .

مۇپاسساننىڭ توپتوغرا ئون يىللىق ئىجادىيەت تۇرمۇشىغا قارايدىغان بولساق ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئالتە يىل ( 1880 ـ 1886 ) دىكى ئەسەرلىرى ناھايىتى جانلىق ، ئاشكارىلاش

كۈچى نىسبەتەن كۈچلۈك ، كېيىنكى تۆت يىل ( 1887 ـ 1890 ) دىكى ئەسەرلىرىدە چۈشكۈنلۈك كەيپىياتى كۈچىيىپ ، ئىجتىمائىي ئاساسىي تېما تەركىبى كىچىكلىگەن . بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ رومانىدا ۋە ھېكايىلىرىدە بىردەك بىلىنىپ تۇرىدۇ . مەسىلەن ، ئۇنىڭ ئالتە رومانى ئىچىدە « چىرايلىق دوست » ( 1885 ) نى ئالساق ، ئاشكارىلاش جەھەتتىن ئۇنى مۇپاسساننىڭ رېئالىزمنى تەنقىد قىلغان ئەسەرلىرى ئىچىدىكى يۇقىرى پەللە دېيىشكە بولىدۇ . بۇنىڭدىن كىتابخانلار جاھانگىرلىكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرەلەيدۇ . « ئارشاڭ » ( 1886 ) دا داۋاملىق ئاشكارىلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ، چوڭ تىپتىكى كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ھەمدە بايلىق توپلاشتىكى ھەرخىل ئۇسۇللار تەسۋىرلىنىدۇ . بۇمۇ بولىدىغان ئەسەر . لېكىن « بىسىر ۋە ژاڭ » ( 1887 ) تىن باشلاپ ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ . يەنى ، ئاپتور زور ئىجتىمائىي ئاساسىي تېمىنى تاشلاپ قويۇپ ، بارلىق زېھنىنى ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتى ساھەسىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ . ئەڭ ئاخىرقى ئىككى رومانى « ئۆلگەندىن بەتتەر » ( 1889 ) ۋە « قەلبىمىز » ( 1890 ) لەردە « ساپ روھىي ھالەت » نى تەسۋىرلەش ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەن . مۇپاسسان بۇچاغدا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ سەزگۈر كۆزەتكۈچىسى بولمىغان قىياپەتتە كىتابخانلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ قىزىقىشىنى غەلىتە كېسەللىك روھىي ھالىتى جەلپ قىلىۋالغانىدى . ھېكايىلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار سادىر بولغان . مۇپاسسان بەدىئىي جەھەتتە ھېكايە شەكلىدىكى يېزىقچىلىق ماھارىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتكۈزگەن . بۇ كۆرۈنەرلىك تۆھپە كىشىلەرگە ئايان . ئۇ كۆپلىگەن قىسقا ھېكايىلىرىدە ، ئاساسىي تېمىدىن ئالغاندا شۇچاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تاقالغان . بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللانغان ؛ تىل بىلەن ئىپادىلەش جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدىكى توغرىلىققا ۋە نەپىسلىككە ئىگە . لېكىن كېيىنكى ئەسەرلىرىدە ، كونكرېتراق ئېيتقاندا ، 1887 ـ يىلىدىن 1890 ـ يىلغىچە بولغان

ئەسەرلىرىدە سىرلىق ، فانتازىيىلىك ، غەلىتە تېمىلار تېخىمۇ كۆپلەپ پەيدا بولغان . پارلاق ھاياتىي قىزىقىشقا باي نۇر ئاستا ـ ئاستا خىرەلەشىپ ئۇنىڭ ئورنىنى بارغانسىرى غەمكىنلىك ، ئۈمىدسىزلىك ۋە سىقىلىشتەك ھالەت ئىگىلىگەن . بۇنىڭدىن ، بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى فرانسىيە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى چېكىنىش خاھىشىنىڭ مۇپاسساندا قانداق چىرىتىش رولىنى ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ مۇنداق بىر پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ : رېئالىزىمنى تەنقىد قىلغۇچى يازغۇچىلارنىڭ تالانتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى خەلقئالەمگە قانچىلىك ئايان بولسۇن ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرژۇئا دۇنيا قارىشىنى دەپ تەۋرەنمەي قالمايدۇ . مۇپاسساننىڭ قىسقىغىنا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئۇنى كېسەل چىرمىۋالىدۇ . يەنى ئۇ نېرۋا كېسىلى بولۇپ قالىدۇ . ئۇ نېرۋا كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەندە ئاران قىرىق ئۈچ ياشتا ئىدى .

شىڭ چېڭخۇا

1962 ـ يىلى ئاۋغۇست



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com